7. بۇ كۆزنەكتە ئاستىدىكى مەخپىي نومۇر بېكىتىش(密码设置) نى تاللىساق رەسىمدىكىدەك ھالەت كۆرۈنىدۇ، بۇ ئارقىلىق دېتالغا مەخپىي نومۇر ئورنىتىپ، باشقىلارنىڭ ئىھتىيات قىلماي بۇزۇپ قويىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما

مەخپىي نومۇرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ!!!




8. ئاخىردا سىستېما ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ، تۈرلەرنى بىكىتىپ بولغاندىن كېيىن 清理 نى بېسىپ، مەشغۇلات خاتىرىسىنى ئۆچۈرۈۋەتسەك بولىدۇ.



# 2. BitComet نى چۈشۈرۈش، قاچىلاش ۋە ئاددىي ئىشلىتىش

يوللىغۇچى: rock

تەرجىمە فىلىم گۇرۇپپىمىز فىلىم تارقىتىشتا BitComet نى ئىشلىتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن تورداشلارنىڭ بۇ دېتالغا بولغان نارازىلىقىمۇ ياكى ئىشلىتىشنى مۇرەككەپ كۆردىمۇ، تارقىتىش خىزمىتىمىز تازا راۋان بولمىدى. تۆۋەندە BitComet نى ئىشلىتىش قاچىلاش ئۇسۇللىرى بوۋاقچا سۆزلەنگەندەك قايتىدىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ يېزىلدى. بۇ ئىلغار قورالدىن ھەممىمىز ئورتاق پايدىلىنايلى.

## BitComet دېگەن نېمە؟

BitComet بولسا ھازىر ئەڭ مودا بولۇۋاتقان P2P دېتاللىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا ھەقسىز ھەم سۈرئىتى تېز بولغان مەنبە بىلەن تەمىنلىگۈچىدۇر . ئۇ BitTorrent كېلىشىمى ئاساسىدا قۇرۇلغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك p2p (خالىغان 2 نۇقتا ئارىسىدا) يۈك چۈشۈرۈش دېتالى. قىسقارتىپ BT دېيىلىدۇ. كۆپ ھۆججەتنى بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈش ۋە تاللاپ چۈشۈرۈشنى قوللايدۇ؛ ساقلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، قاتتىق دىسكىنىڭ خورىشىنى كېمەيتەلەيدۇ (磁盘缓存)؛ WindowsXPدا ئاپتوماتىك تەڭشەش ئارقىلىق NAT ۋە XP نىڭ ئوتتامىلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇلاپ چۈشۈرۈش ۋە يوللاشتا تەكشۈرۈش ھاجەتسىز، سۈرئەت تەڭشەش، چىرايلىق ئېكران يۈزى قاتارلىق ئىقتىدار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

### 1. BitComet نى چۈشۈرۈش ۋە قاچىلاش

*(1). چۈشۈرۈش*

ئىلگىرىكى مۇقىم ھەم تېز نۇسخىسى: BitComet_0.70_setup.exe ، بۇنىڭ يېشىل نۇسخىسى: BitComet_0.70.zip

كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن يېڭى مۇقىم نۇسخىسى BitComet_0.86_setup.exe ، بۇنىڭ يېشىل نۇسخىسى:BitComet_0.86.zip

*(2). قاچىلاش*

قاچىلىنىدىغان نۇسخىسى بىلەن يېشىل نۇسخىسى ئوخشاش، قايسىنى ياخشى كۆرسىڭىز شۇنى ئىشلىتىڭ. ئەگەر يېشىل نۇسخىسىنى ئىشلەتكەن بولسىڭىز تۆۋەندىكى قاچىلاش باسقۇچلىرىنى ماڭمايسىز. گەرچە قاچىلاش يوللىرى ئادەتتىكى دېتاللار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ساۋاقداشلارنىڭ ئىشلىتەلمەسلىكتەك قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېرىنمەي يازدىم.

يۇقىرىدا چۈشۈرگەن ھۆججەتنى قوش چېكىڭ، تۆۋەندىكى كۆرۈنۈش چىقىدۇ. ئاۋۋال دېتال تىلىنى بەلگىلەپ ئاندىن جەزملەشتۈرۈڭ.




ئاندىن تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىلگەندەك مەشغۇلات قىلىڭ.









不要安装 google 工具栏 نى تاللاپ، قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.







قاچىلىنىش ئورنى نى ئاختۇرۇش ئارقىلىق خالىغان يەرگە بەلگىلەڭ. قاچىلاش ئارقىلىق قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.


BitComet(比特彗星) 0.86 安装
选择安装位置
www.intil.cn
选择“BitComet(比特彗星) 0.86”的安装文件夹。
Setup 将安装 BitComet(比特彗星) 0.86 在下列文件夹。要安装到不同文件夹，单击 [浏览(B)] 并选择其他的文件夹。 单击 [安装(I)] 开始安装进程。
قاچىلىنىش ئورنى
ئاختۇرۇش
目标文件夹
C:\Program Files\BitComet
浏览(B)...
所需空间: 28.3MB
可用空间: 2.2GB
قاچىلاش
BitComet(比特彗星) 0.86
< 上一步(P)
安装(I)
取消(C)


BitComet(比特彗星) 0.86 安装
正在安装
“BitComet(比特彗星) 0.86”正在安装，请等候...
www.intil.cn
安装主程序
قاچىلىنىۋاتىدۇ
抽取: flv_1ting.lua
抽取: flv_21gt.lua
抽取: flv_516.lua
抽取: flv_51tv.lua
抽取: flv_56.lua
抽取: flv_5show.lua
抽取: flv_5t.lua
抽取: flv_6rooms.lua
抽取: flv_91vc.lua
抽取: flv_9you.lua
抽取: flv_bebo.lua
抽取: flv_blip.lua
BitComet(比特彗星) 0.86
< 上一步(P)
下一步(N) >
取消(C)







قاچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدۇ. قوزغالغاندىن كېيىن مۇنداق قىلىڭ.




2. تەڭشەش.

(1) ئالدى بىلەن سىز قاتتىق دىسكىڭىزنىڭ ئورنى كۆپرەك رايوننى شۇنداقلا ئاسان ئىزدەپ تاپالايدىغان ئورۇننى دېتالنىڭ ئۇۋا سى دەپ بەلگىلەشنى ئۇنتۇماڭ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن چوڭراق كىنو چۈشۈرۈپ قالسىڭىز ئاچلىقتىن توقلۇق يامان بولۇپ قالمىسۇن . دېتالنى قوزغىتىپ، 选项 دىن 选项 نى تاللاڭ. ئاندىن ۋەزىپە بەلگىلىمىسى نى بېسىپ، ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئۇۋا سىلىك، باشقا يەرلەر جىم تۇرسۇن. رەسىمدە كۆرستىلگەندەك:




(2) ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا كېرەككى، تور ھالىتى نى بېسىپ چىققان كۆزنەكتىن ئەڭ چوڭ يوللاش سۈرئىتى ۋە ئەڭ چوڭ چۈشۈرۈش سۈرئىتى ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگەرتىڭ. تەۋسىيە (建议) دا دېيىلگىنى: چۈشۈرۈش سۈرئىتىڭىز بىلەن يوللاش سۈرئىتىڭىز زىچ مۇناسىۋەتلىك، سىز باشقىلارغا بەرمىسىڭىز باشقىلارمۇ سىزگە بەرمەيدۇ، كەڭ بەلۋاغلىق تورغا چىققۇچىلار ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەڭ.(تەڭشىمەي ئەسلىدىكى چەكسىز پېتى قويغاندا ھەرگىزمۇ چەكسىز سۈرئەت بىلەن چۈشۈرگەن ياكى يوللىغان بولمايسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ

چوڭ يوللاش ۋە چۈشۈرۈش كۆچىنىزدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ).

ئادەتتە بىز ئېيتىپ يۈرىدىغان كەڭ بەلۋاغنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئادەتتىكى سۈرئەت بىلەن بىر ئۇقۇم ئەمەس. يەنى كەڭلىك بولسا kbit/s بويىچە ھېسابلىنىدۇ. سۈرئەت kb/s بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت:

kbit/s＝1kb/s8

kbit/s＝64kb/s512

شۇڭا kbit/s＝64kb/s512.   ھازىر ئائىلىلەرگە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان m2 لىك كەڭلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سۈرئىتى kbit/s＝256kb/s2048 بولىدۇ. نېمىشقا m2 لىك سۈرئەت بىلەن چۈشمەيدۇ ياكى تور سۈرئىتىم نېمىشقا ناچار دەپ خاتا ئويلىۋالماڭ.

ئەگەر BT ياندۇرۇپ قويۇپ باشقا خىزمەتلەرنى قىلغاندا خىزمىتىڭىزگە تەسىر يەتكۈزسە، سىز يۇقىرىدىكى سۈرئەتلەرنى ياخشى تەڭشىمەيسىز. تۆۋەن سەپلىمىلىك ماشىنىلار m2 لىك كەڭلىكتە چۈشۈرۈشنى 150، يوللاشنى 50 ئەتراپىدا تەڭشىسەك بولىدۇ. ئەگەر يەنىلا ماشىنىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتسە ئىككى قىممەتنى يەنىمۇ كىچىكلىتىڭ 50، 10، قىلىپ.




### 3. ئىشلەش پرىنسىپى

يۇقىرىدا P2P دېگەن گەپنى قىلدۇق، ئۇ زادى نېمە؟

تۆۋەندىكى رەسىم ئادەتتىكى FTP، HTTP قاتارلىق دېتاللارنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى، ئىشلەتكۈچى قانچە جىق بولسا مۇلازىمېتىرنىڭ يۈكى شۇنچە ئېغىرلاپ، بارلىق ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ نورمال ۋە مۇقىم تېز سۈرئەتتە چۈشۈرۈشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.




تۆۋەندىكىسى بولسا BitTorrent نىڭ ھەل قىلىش لايىھىسى.



بۇنىڭدا قانچە كۆپ ئادەم بولسا شۇنچە ياخشى، ھەر بىر ئىشلەتكۈچى مۇلازىمېتىرنىڭ يۈكىنى تەقسىم ئېلىپ، مۇلازىمېتىرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. مانا بۇ BT ئارقىلىق چۈشۈرگەندە HTTP دىن نەچچە ھەسسە تېز بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

4. ئۆرۈق ئىزدەش

(1) تەرجىمە گۇرۇپپىمىز تارقاتقان فىلىملەرنىڭ ئۆرۈقىنى كۆرسىتىلگەن قوشۇمچە ھۆججەت نى بىر چەكسىڭىزلا مەزكۇر دېتال قوزغىلىدۇ، ياكى كېڭەيتىلگەن نامى Torrent بولغان ھۆججەتنى چۈشۈرۈش ياكى ئېچىش كۆزنىكى چىقىدۇ، ئاسانراق تاپىدىغان يەرگە چۈشۈرۈڭ. Torrent ھۆججىتى بىز دەۋاتقان ئاتالمىش ئۆرۈق. ئاندىن مۇشۇ Torrent ھۆججىتىنى قوش چېكىڭ. چۈشۈرمەكچى بولغان ھۆججەتنىڭ ئۇۋىسى ( يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇۋا نى مۇشۇ يەردىمۇ قايتا بەلگىلىگىلى بولىدۇ)، ھۆججەت خاسلىقى كۆزنىكى چىقىدۇ. رەسىمدىكىدەك. سىغىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان، مىسال كۆپ قىسىملىق فىلىملەر، تاياقچىنى سۈرۈپ ھۆججەت ئالدىدىكى توغرا بەلگىسى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرغىلى ھەم تاللىغىلى بولىدۇ.(قىزىل رامكا (12) يەنى خالىغان بۆلىكىنى ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا ئىختىيارى چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا 1-قىسىمنى كۆرۈپ بولغۇچە 2 -قىسمى چۈشىدۇ. سىزنىڭ بارلىق ھۆججەتنى بىراقلا تاللاپ قويۇپ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئاندىن بىر باشتىن كۆرۈشىڭىز ھاجەتسىز.

1خاسلىق
2 ئۇۋا
3 ئۇۋا ئورنى
4 ئۇۋا سىيلىش
5كۆڭۈلدە - بۇ تاللاشنى تاللاپ قويسىڭىز كېيىنكى خىزمەتلەرمۇ مۇشۇ كۆڭۈلدىكى قىممەت بويىچە باشلىنىدۇ.
6 دەرھال باشلاش(立即开始) ياكى باشقۇرۇپ باشلاش(手动开始).
7خاراكتېرى ياكى ژانىرى
8 ھۆججەت مەزمۇنى( نامى، يوللىغۇچى، سىغىمى، دىسكا رايونىڭىزدىكى ئىشىندى بوشلۇق)
9 ھۆججەت نامى يەنى يۇقىرىدىكى ھۆججەت نامىغا ئوخشايدۇ. يۇقىرىدىكىسى بولسا ھۆججەت قىسقۇچ نامى. ماۋۇسى شۇ قىسقۇچ ئىچىدىكى ھەربىر ھۆججەتنىڭ نامى.
10 ھەربىر پارچە ھۆججەت سىغىمى.
11 ھەربىر پارچە ھۆججەتنىڭ چۈشۈرۈلۈش نىسبىتى.
12 ھۆججەت تاللاش.
13 ئەسكەرتىش ( ئادەتتە ھەممىسى ئېلان خاراكتېرلىك بولىدۇ).
14 ھەممىنى تاللاش ( كۆپ قىسىملىق ياكى چوڭ ھەجىمدىكى ھۆججەتلەرنى چۈشۈرگەندە ئەڭ ياخشىسى توغرا بەلگىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ. تاللاپ بىر بىردىن چۈشۈرگەن ياخشى).
15 تامام.




(2) ئۇرۇق ئىزدەش ئۈچۈن http://www.btchina.net/ غا بېرىڭ . ئاچقۇچلۇق سۆز ، تور يولى نى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئاختۇرۇڭ. خالىغان هۆججەت، مەيلى فىلىم، مەيلى ناخشا، مەيلى يۇمشاق دېتال ... بولسۇن، مۇشۇ توربەتكە تىزىملىتىلغا بولسىلا سىزگە ئۇرۇقنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىدۇ. مەسىلەن ، هازىر مودا بولۇۋاتقان تۈرمىدىن قېچىش فىلىمنى ئىزدىسەك ...

ئاچقۇچ سۆزگە Prison Break ياكى 越狱 دەپ فىلىم نامىنى كىرگۈزسەك... رەسىمدىكىدەك ئادرېسقىدۇ.

ۋججەت تولۇق نامى ياكى باشقا چۈشۈرۈش ئادرېسى دىكى 2 ، 3 ، 4 لەرنى باسساق ئۇرۇق چۈشىدۇ.




(3) يەنە مەزكۇر هۆججەت قوزغىلىپ ئالاقىدار مەزمۇن رايونىدا يېقىندىن بېرى قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان يەنى كۆرۈلۈش قېتىم سانى كۆپ بولغان ئۆچۈرلار چىقىدۇ. ئۆزىڭىز خالىغان تۈرلەردىن كىنو، ناخشا، ئويۇن ... خالىغان

تېمىدىكى ھۆججەتنى ئىزدەڭ. مەسىلەن قانلىق ئالماس فىلمنى ئىزدەپ كۆرەيلى. چۈشۈرۈش ئۇسۇلى (2) بىلەن ئوخشاش.







## 4. ئۇرۇق ياساش.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇرۇقلارنى زادى كىم ياسىغان؟ كىم مۇشۇنداق مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ؟ ھەمى، كىچىكلىرى سىز ۋە ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى ھەۋەسكارلار ئۆزىدىكى بار بولغان ئېسىل ھۆججەتلەردىن باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كەلسە قىلىدۇ، چوڭلىرى مەخسۇس تور بەت ھەممە كىچىك گۇرۇپپىلار ھەتتە ھۆكۈمەتمۇ ( مەنغۇ كۆرمىدىم) مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تارقىتىدۇ. ئەمسە قانداق ياسايدۇ؟ مېنىڭچە تۆۋەندىكى رەسىم ئىنتايىن چۈشىنىشلىك.

(1) ياساش - ئارقىلىق ئۇرۇق ياساش كۆزنىكىنى ئېچىڭ.

(2) پۇتۇن قىسقۇچ - بۇ تاللاش ئارقىلىق شۇ قىسقۇچ ئىچىدىكى نۇرغۇن ھۆججەتنىڭ ئۇرۇقنى ياساشقا بولىدۇ، ھەربىر ھۆججەت ئۈچۈن ئايرىم ئايرىم ياساش ھاجەتسىز. ئۈستىدىكى تاللاش بولسا بىرلا ھۆججەت تۈرى.

(3) ئۆزھەل تەكشەك - شۇ ئۆزھەل تەكشەك پېتى تۇرسۇن. كۆپ توختالماي، قىزىقىدىغانلار بولسا تولۇقلاپ قويىاي.

(4) ئاختۇرۇش - ئاختۇرۇش ئارقىلىق سىز ئۇرۇقنى ياسماقچى بولغان ھۆججەت ياكى قىسقۇچنى ئاختۇرۇڭ. ھۆججەت ياكى قىسقۇچنىڭ ئورنى ئەسلى ھۆججەت ئورنى دا نورمال كۆرۈنسۇن.

(5) DHT تورىنى ئىشلىتىش - بۇ تاللاش سىستېما تەۋسىيە قىلغان تاللاش. بۇ تاللانسا ھېچقانداق تورلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي چۈشۈرگىلى بولىدۇ ھەمدە (6) ئىپتىلغان باسقۇچ مېڭىلمىسىمۇ بولىدۇ.

(6) Tracker مۇلازىمېتىرى - ئىلگىرىكى كونا نەشرىلىرىدە مۇشۇنداق Tracker مۇلازىمېتىرى تەلەپ قىلىناتتى، 0.60 دىن كېيىن تەلەپ قىلىنمايدىغان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇنىڭغا كۆڭۈل قاپتىمەن. تۆۋەندىكى ئادرېسلارنى ماس ئورۇنغا كۆچۈرۈڭ. بۇنى يېزىشىمىزدىكى سەۋەب ئىلگىرىكى نەشرلىرىدە شۇ مۇلازىمېتىرلار ئۇرۇقنىڭ نورمال پەرۋىش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىناتتى. ھازىرقى نەشرلىرىدە بولسىمۇ بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇرۇق ھەرگىزمۇ بۇ مۇلازىمېتىرغا يوللانمايدۇ. بۇ پەقەت كۆۋرۈك رولىنى ئوينايدۇ. بارلىق دېھقانلار مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يۇرۇپ ئېتىزنى سۇغىرىدۇ، بازارغا كىرىدۇ... دېگەندەك.

http://tracker.cnxp.c om:  8080/announce
udp://tracke r.cn xp.com:8080/ announce
http://tracker.prq.to/announce
h ttp:// tracker.prq.to/announce.php
http://tracker .thepiratebay .org/announce
http://tracker.xdvdz.com:2710/announce
http://221.236.20.205:6969/announce
udp://bt.btbbt.com:6969/announce
udp://bt.btbbt.com:7272/announce
udp://bt.btbbt.com:7070/announce
http://tracker.zerotracker.com:2710/announce
http://tracker.desitorrents.com:6969/announce
http://193.138.221.145:3535/announce
http://llbt.cd19.com:1073/announce

7) ئاختۇرۇش2 - ئارقىلىق ئۇرۇق ساقلانماقچى بولغان ئورۇن نى بەلگىلەڭ.

(8) پۇتتى - بىلەن ئۇرۇق ياساش ئاخىرلاشتى.




**يېشل ئېلېپس يوللىغۇچى - ئەگەر ياسغان ئۇرۇقا ئۆزىڭىزنىڭ ئاددىي ئۈچۈرىنى كىرگۈزمەكچى بولسىڭىز يوللىغۇچى ئارقىلق قىلالايسىز. بىر چەكسىڭىز تۆۋەندىكى كۆزنەك چىقىدۇ.**




1 نى تاللاپ قويسىڭىز بۇ ئۇرۇقنى باشقىلار خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. 2 بولسا سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىز. مېنىڭكى rock، سىز قايسى مۇنبەردە ئېلان قىلغان ياكى ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى توربەت ئادرېسىڭىزنى3 كە يېزىپ قويسىڭىز بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز بۇ ئۇرۇقنى تارقاتقان ئورۇن ھەم شەخسنى ئاسانراق تاپقىلى بولىدۇ. 4 كە نېمە يازسىڭىز بولىدۇ. ئېلان چاقىرىق ... دېگەندەك.

5. تارقىتىش.

ئۇرۇقنمۇ ياساپ بولدۇق. ئەمدى قانداق تارقىتىمىز؟

ئىنتىل سەيناسى ۋە بىلىك كۇلۇبىنىڭ قوشۇمچە ھۆججەت يوللاش ئىقتىداردىن پايدىلىنىمىز. خالىغان تېما ياكى ئىنكاس يېزىش كۆزنىكىنىڭ ئاستىدا

بىلىكتە تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنىدۇ.




ئىنتىلدە مۇنداق كۆرۈندۇ.




مەن مۇشۇ ئىككىلا بىكەتتە سايرايدىغان قۇش( ئىزدىنىش نىڭ بۇنداق ئىقتىدارى يوق). بۇ ئىككى بىكەتنىڭ قوشۇمچە ھۆججەت ئىقتىدارى torrent ھۆججىتىنى بىۋاسىتە قوللايدۇ. ئاختۇرۇش ياكى 浏览 ئارقىلىق ئۇرۇقنى ئىزدەپ يوللىۋەتسەكلا تامام. سىز BitComet نى ياندۇرۇپ ياسىغان ئۇرۇقنى قوزغىتىڭ.




1 قىزىل يۇقىرىغا قارىغان ئىسترېلكا: سىز نىڭ پۈتۈنلەي چۈشۈرۈپ بولغانلىقىڭىزنى، ھەمدە باشقا قوشنا ئۇرۇق توغقان دېھقانلارغا ياردەم قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

2ئۈلىنىۋاتىدۇ. چۈشۈرۈش ياكى يوللاش باشلانمىدى. سەۋەبى بۇ ئۇرۇق پىچەك ياكى تېخى تىرىلمىدى ياكى تور ئۈزۈك ياكى بەك كونىراپ كەتتى.

3 يېشىل ئاستىغا قارىغان ئىسترېلكا: چۈشۈۋاتىدۇ

4 ھۆججەت سىغىمى

5 چۈشۈرۈلگەن نىسبىتى

6 چۈشۈرۈش سۈرئىتى

7يوللاش سۈرئىتى

8 كېرەكلىك ۋاقىت

9 ئۇرۇق ۋە دەرەخ. مەنمۇ گەپ ئىجاد قىلدىمغۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇرۇق دەرەختىن كېلىدۇ. دەرەخ بولغاندىلا ئۇرۇقنىڭ دۇنياغا كېلىشى جۈملىدىن دەرەخ بولالىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. دەرەخ سانى قانچە كۆپ بولسا بۇ ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولىدۇ. خۇددى يەتتە ئاكام بار ھېچكىم مېنى بوزەك قىلمىغاندەك.

10سۈپەت. ئەسلىدىكى بىرلا ئۇرۇقتىن، قانچىلىك دەرەخلەر چىقتى؟ قانچىلىك چۈللەر بوستان بولۇپ كەتتى؟ بۇ قانچىلىك قانچە ئاشقانسېرى بۇ ئۇرۇقنىڭ ئىناۋىتى ۋە سۈپىتى مۇقەررەر ئۆرلەيدۇ. گۆرۈپپىمىز تارقاتقان ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى ئىزچىل ناچار.

**6. كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر**

**(1) قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن.**

**ھەممە كەسپىنىڭ ئۆز ئەھلى بولىدۇ. ھېچكىم ئەھلى قىلغاندەك قامالاشتۇرالمايدۇ. دېمەك Thunder نىڭمۇ ئۆرۈق تېرىش ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ لېكىن ئۇ دېھقان ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا ھازىر ئۇنداق ئەمەس. مەن سىناپ باقتىم. Thunder بىلەن ئۆرۈق تېرىغاندا ماشىنىنىڭ سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۈلنىشقا چەك قويمايدىكەن.**

**(2)100% چۈشۈرسەممۇ نېمىشقا فىلىم ھۆججىتى قويۇلمايدۇ؟**

**مېنىڭچە سىز چوقۇم ھۆججەتلەرنى تاللاپ ئايرىم چۈشۈرگەن، شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى BT نىڭ پرىنسىپىدا پۈتۈن ھۆججەت تەڭ N بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. شۇنداق بولغاندا دېھقانلار ئوخشاش بولمىغان پەسلىدە ئوخشاش بولمىغان ئىش تەرتىپىنى بەلگىلەپ ئەڭ تېز ھەم ئاسان ئۇنۇم يارىتىدۇ. سىز تاللاپ چۈشۈرگەندە، مىسال 2-ھۆججەتنى چۈشۈرمەكچى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىنى توختىتىپ قويدىڭىز. لېكىن تەڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن ۋاقىتتا 2-بىلەن 3-، ياكى 1- بىلەن 2 -مەزمۇننىڭ كىچىك بىر قىسمى شۇ كىچىك بۆلەككە تەڭ بۆلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا چۈشكەن ھۆججەت ئازراق ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالىدۇ. ھېچقىسى يوق بۇنى ھەل قىلىش ئوڭاي. رەسىمدىكىدەك. خىزمەتنى توختىتىڭ. يېشىل چەمبەر كۆرۈنىدۇ. شۇ ھۆججەتكە ئوڭنى چېكىپ، مۇكەممەللىكىنى قايتا تەكشۈرۈش (重新检查完整性) نى بېسىپ قويساق، تەكشۈرۈلۈپ 99.5% دېگەندەك 100% كە يېقىن بولغان چۈشۈرگەن ھۆججەتنىڭ مىقدارى چىقىدۇ. ئاندىن بۇ خىزمەتنى قايتا قوش چەكسىڭىزلا قالغان قىسمىنى چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ، قىزىل يۇقىرىغا قارىغان ئىسترېلكا كۆرۈنگۈچە شۇنداق قىلىڭ.**

## 3. rmvb ھۆججەتلىرىنى VCD قويىدىغان قىلىپ تەخسىگە ئۆيۈش

**يوللىغۇچى: تاھىر0997**

**تۇرمىدىن قېچىش، مەجرۇھ ئاتا قاتارلىق يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان فىلملەرنى توردىن چۈشۈرۈپ كومپيۇتېرىڭىز دا كۆرگەنسىز بىراق سىزنىڭ خىيالىڭىزغا VCD قويالايدىغان قىلىپ تەخسىگە كۆچۈرۈۋالغىڭىز كەلگەندۇ rmvb. نى mpeg غا ئايلاندۇرىدىغان قورالنى قوراللارنى ئىزدەپ يۈرگەنسىز .**

**بۇنىڭ ئاسان ئەپچىل ئۇسۇلى بار .**

**rmvbھۆججىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى wmv غا ئۆزگەرتىپ Nero دىن پايدىلىنىپ VCD ( ھۆججىتى قىلىپ ئۆيۈشنى تاللاپ) كۆچۈرسىڭىز نورمال بولغان VCD قويالايدىغان دىسكا ئۆيۈپ چىقالايسىز. بەك ئاسان سىناپ بېقىڭ. مەن 5 دا تەخسىگە ئۆيۈپ بىرقانچە VCD قويغۇچلاردا سىناپ باقتىم. نورمال قويالايدىكەن. دىسكىغا ئۆيۈش سۈرئىتىنى 16 دىن تۆۋەنگە تەڭشەپ قويۇڭ. ئۆيۈش جەريانىدا سەل ئۇزۇنراق ساقلايسىز سەۋر قىلىڭ.**

**بىلمىسىڭىز چ چ: 305450335**

# 4.[ھۆنەر]rm ھۆججىتىنى vcd قويغۇچتا كۆرۈش

يوللىغۇچى: خىيال 2000

ئۆتكەندە مەن سەيناغا مۇنداق بىر تېما يوللىغانىتىم، ئاۋۋال يوللىغان تېمامنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

مەن بۇرۇن توردىنrm ھۆججەتلىك فىلىملەرنى چۈشۈرۈپ بولۇپ ئۇنىڭ كېڭەيتىلگەن ھۆججەت نامىنى avi غا ئۆزگەرتىپلا ئۇنى Nero ئارقىلىق ئوپتىك دىسكىغا ئويۇپ vcd قويغۇچتا بىمالال كۆرەلەيتتىم لېكىن يېقىندا سىستېمام سەل قالايمىقانلىشىپ Ghost نى ياندۇرغان ئىدىم ھازىر rm ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ كېڭەيتىلگەن ھۆججەت نامىنى avi غا ئۆزگەرتسەم Nero بۇ ھۆججەتنى قوللىمايدۇ دېگەن ئىنكاس چىقىۋالدى بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ جاۋابىنى ئاخىرى تاپتىم، سىز ئاۋۋال توردىن 暴风影音 دېگەن يۇمشاق دېتالنى كومپيۇتېرىڭىزغا قاچىلاڭ، بۇ دېتالنى توردىن چۈشۈرۈڭ. ئاندىن كېيىن كېڭەيتىلگەن ھۆججەتنى چۈشۈرۈڭ ياكى ھۆججەتنى كومپيۇتېرىڭىزدا rmھۆججىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن ھۆججەت نامىنى avi ھۆججەت شەكلىگە ئۆزگەرتىڭ.

ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىز دىكى بارلىق ھۆججەت شەكلى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولسا قايتا ئىسىم قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر كومپيۇتېرىڭىزدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ ھۆججەتناملىرى كۆرۈنمىگەن ھالەتتە بولسا ئالدى بىلەن 我的电脑 نى ئېچىپ ئۈستى تەرەپتىكى 工具 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئەڭ ئاستىدىكى 文件夹选项 دېگەن خەتنى باسىمىز ئاندىن ئېچىلغان كۆزنەكتىن 查看 كۇنۇپكىسىنى باسىمىز ئاندىن ئېچىدىن ھۆججەتلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى يوشۇرۇش دېگەن تاللاشنىڭ ئالدىدىكى توغرا بەلگىسىنى ئېلىۋېتىڭ. ئاندىن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قايتا ئىسىم قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھۆججەت نامىنى avi غا ئۆزگەرتىپ قويسىڭىزلا بولىدى ئاندىن بۇنى بىۋاستە Nero ئارقىلىق ئوپتىك دىسكىغا ئويسىڭىزلا(Neroنىڭ ئىشلىتىلىشىنى مەن دېمىسەممۇ بولار) بۇ ئوپتىك دىسكىنى vcd قويغۇچتا بىمالال كۆرەلەيسىز. چۈنكى avi مۇ Mpeg نىڭ بىر خىل ھۆججەت شەكلى، مەن بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ خىلى كۆپ دىسكىلارنى ئويغان ھازىرمۇ ئويۇۋاتىمەن.

# 5. 迅雷 چۈشۈرۈش دېتالىدىكى ئېلاننى يوقىتىش

يوللىغۇچى: mayhana

نۇرغۇن تورداشلار 迅雷 دېتالىنى ئىشلىتىپ توردىن نەرسىلەرنى چۈشۈرىدۇ. گەرچە بۇ دېتال ھەقسىز دېتال بولسىمۇ، ئىشلەۋاتقاندا، باش كۆزنەكنىڭ ئۈستىدە ھەمىشە رەسىملىك ئېلاننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ ئېلاننىڭمۇ كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سۈرئىتىگە ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىرى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئېلاننى چىقىرىۋېتىشنى ئويلىسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى سىناپ كۆرۈڭ!

ئالدى بىلەن سىز 迅雷 دېتالىنى ئىشلىتىشتىن توختىتىپ، ئۆچۈرۈۋېتىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دېتالنىڭ قاچىلانغان مۇندەرىجىسىنى ئېچىڭ. ئادەتتە (C:\Program Files\Thunder Network\Thunder)مۇشۇ مۇشۇ يەرگە قاچىلىنىدۇ.
مۇندەرىجە ئىچىدىن «iTargetAD. dll» ھۆججىتىنى تېپىپ، ئۆچۈرۈۋېتىڭ. كەيىندىن، مۇندەرىجە

ئىچىدىكى «AD»ھۆججەت قىسقۇچنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ .
ئەمدى 迅雷 نى قايتا قوزغاتسىڭىز، سىزنى بىزار قىلىدىغان ئېلاننى تاپالمايسىز




# مەخسۇس officeرايونى

## 1 .نەپ بېرىدىغان 8 دانە WORDئىشلىتىش ھۈنىرى

يوللىغۇچى: ئالمجان15

ئىش ئۈنۈمى قاتتىق تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى زاماندا، Wordئىشخانا ئىشلىرىدا كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى، قانداق قىلغاندا Word كارامىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا مەن سىلەرگە Word دا تېز مەشغۇلات قىلىشنىڭ 8 تېخنىكىسىنى سىلەرگە تونۇشتۇراي، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز !

1 .تېزلىكتە ئالدىنقى قېتىم تەھرىرلىگەن ئورۇنغا يۆتكىلىش .

ئادەتتە Word دا ماتېرىيال تەھرىرلەپ ساقلاپ قويۇپ، كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ تەھرىرلەشكە توغرا كېلىپ بۇ ھۆججەتنى ئاچقاندا تەھرىرلەپ قەيەرگە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئامالى ھۆججەتنى ئېچىپ كۇنۇپكا تاختىسىدىن shift+F5 كۇنۇپكىسىنى باساق قىستۇرۇش نۇقتىسىنىڭ ئالدىنقى

قېتىم تەھرىرلىگەن ئورنىغا بارغانلىقىنى ھېس قىلىسىز .

2 .چېسلا ۋە ۋاقىتنى تېزلىكتە قىستۇرۇش .

ئادەتتە بىز ماتېرىيال بېسىپ ئاخىرىغا چېسلا ۋە ۋاقىتنى قىستۇرۇشقا توغرا كەلگەندە تىزىملىك مەشغۇلاتى ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يېتىمىز. ئەمەلىيەتتە كۇنۇپكا تاختىسىدىن Alt+Shfit+D نى باساق چېسلانى Alt+Shfit+T كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ۋاقىتنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ .

3 .فورمات چوتكىسى (格式刷) نى تېزلىكتە كۆپ قېتىم ئىشلىتىش

Word دا فورمات چوتكىسىنى كۆپ قېتىم ئىشلىتىشنىڭ ئامالى: فورمات چوتكىسىنى قوش چەكسەك تاللانغان فورمات كۆپ يەرگە كۆچۈرۈلىدۇ، ئاندىن فورمات چوتكىسىنى تاق چەكسەك ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن Esc كۇنۇپكىسىنى باساق فورمات چوتكىسى ئەمەلدىن قالىدۇ .

4 .كۆپ بەتلىك جەدۋەلنىڭ ماۋزۇسىنى تېزلىكتە بېسىپ چىقىرىش

جەدۋەلنىڭ ماۋزۇسىنى تاللاپ، 表格تىزىملىكىدىن 标题行重复 تۈرىنى تاللاپ قويساق، بېسىپ چىقىرىشنى ئالدىن كۆرگەندە ياكى بېسىپ چىقارغاندا ماۋزۇنىڭ ھەربىر بەتنىڭ ئۈستىگە چىققانلىقىنى بايقايمىز. ئەلۋەتتە جەدۋەل ئاپتوماتىك ھالدا بەتلەرگە پارچىلانغان بولۇشى كېرەك .

5 .تېكىستنى تېزلىكتە ماۋزۇ دەرىجىسىگە ئۆزگەرتىش

ئاۋۋال ئۆزگەرتمەكچى بولغان تېكىستنى تاللاپ كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Shift+ سولغا يۆنەلگەن ستىرېلكا كۇنۇپكىسىنى باساق، تاللانغان تېكىست ماۋزۇغا ئۆزگىرىدۇ. يەنى 样式 سى 1 标题 غا ئۆزگىرىدۇ، يەنە Ctrl+Shift+ ئوڭغا يۆنەلگەن ستىرېلكا كۇنۇپكىسىنى باساق، تۆۋەنلەپ 1 标题، 9 标题 .... 2 标题 لارغا ئۆزگىرىدۇ .

6 .خەت نومۇرىنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش

ئادەتتە Word دا خەت نومۇرى تىزىملىكىنى ئاچىدىغان بولساق خەنزۇچە خەت نومۇرىدىن بىرىنچى نومۇرلۇق خەتتىن 8- نومۇرلۇققىچە، ئىنگلىزچە خەت نومۇرىدىن 5 قاداقتىن 72 قاداققىچە خەت نومۇرى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئىشخانىلاردا ئىشلىيدىغان خىزمەتچىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك. بىراق چوڭ لوزۇنكا قاتارلىق يەرلەردە ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە دائىم خەت نومۇرى كاتىكىگە بىۋاستە خەت نومۇرىنى كىرگۈزىمىز. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئاماللار بار .

(1خەت نومۇرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان خەتنى تاللاپ، كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Shift+> كۇنۇپكىسىنى باساق، نۆۋەتتىكى خەت نومۇرىغا 10 قاداق قوشۇلۇپ چوڭىيىدۇ. Ctrl+Shift+< كۇنۇپكىسىنى باساق ئەكسىچە بولىدۇ .

(2خەت نومۇرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان خەتنى تاللاپ، كۇنۇپكا تاختىسىدىن [+Ctrl كۇنۇپكىسىنى باساق خەت نومۇرىغا بىر قاداق قوشۇلىدۇ. ]+Ctrl كۇنۇپكىسىنى باساق ئەكسىچە بولىدۇ .

7 .تېزلىكتە يۇقىرى تۆۋەن ئىندېكس تاللاش

ئۆزگەرتمەكچى بولغان مەزمۇننى تاللاپ، كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Shift+= كۇنۇپكىسىنى باساق، يۇقىرى ئىندېكسقا ئۆزگىرىدۇ. يەنە بىر قېتىم باساق، ئەسلىگە قايتىدۇ. Ctrl+ = كۇنۇپكىسىنى باساق تۆۋەن ئىندېكسقا ئۆزگىرىدۇ. يەنە بىر قېتىم باساق ئەسلىگە قايتىدۇ .

8 .گەرچە Word نىڭ ئاپتوماتىك رەت نومۇرى قېتىم ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئادەتتە بىز ئىشلەتكەن ۋاقىتىمىزدا دائىم قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئامالى :

(1خەت بېسىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئاپتوماتىك رەت نومۇرى قېتىلىپ قالسا، كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Z كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتسەك، ئاپتوماتىك رەت نومۇرى ئەمەلدىن قالىدۇ.

# 2. [ھۆنەر]تەتۈر بېسىش ئەمدى سىر ئەمەس

يوللىغۇچى: قادىر

بۇ ماقالىنى ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرى شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى تەتۈر بېسىش پىرىنتېرنىڭ ئىقتىدارى بىز پەقەت شۇ ئىقتىداردىن پايدىلاندۇق خالاس. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

1-كومپيۇتېرىڭىزغا ghostscript 8 نى قاچىلايسىز .

توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://saralik.googlepages.com/mprint.rar

2-كومپيۇتېرىڭىزغا ghostwiev نى قاچىلايسىز.

توردىن چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://saralik.googlepages.com/mprint.rar

يۇقىرىقى ئىككى دېتالنى پىرىسلاپ بىر ھۆججەت قىلىپ يوللاپ قويۇلدى.

3-كومپيۇتېرىڭىزغا HP LaserJet 6P/6MP PostScript پىرىنتېرنىڭ قوزغىتىش پروگراممىسىنى قاچىلايسىز.

ئاندىن تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىدەك تەڭشەيسىز.

پىرىنتېرنى قاچىلاش



پرىنتېرنى تەڭشەش تەرتىپى

1)پرىنتېرنىڭ خاسلىقنى属性 ئاچىمىز.




2) كۆزنەكتىن打印默认值نى ئاچىمىز.



3) كۆزنەكتىن高级نى تاللىساق يەنە بىر كۆزنەك ئېچىلىدۇ.




4)كۆزنەكتىن选项 PostScript نىڭ + نى تاللىساق تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنىدۇ.




5)كۆزنەكتىن输出镜像نىڭ قىممىتى是否نى غا ئۆزگەرتىمىز.




ئۈندىن باشقا بېسىش ئېنىقلىق دەرىجسىنى تۆۋەندىكى كۆزنەكتىكى ئورۇندىن تەڭشىسىڭىز بولىدۇ. ئادەتتىكى ماقالە بولسا

300 dpiقىلىپ تەڭشىسىڭىز مۇۋاپىق.



6)ئاخىردا پرىنتېرنىڭ属性خاسلىق كۆزنىكىدىن端口دىن打印到文件 File نى




تاللايمىز.

7)Microsoft Word نى ئېچىپ تەييار تىزىلىپ بولغان ماقالىنى ئاچىمىز.

ئاندىن文件 تىزىملىكىدىن 打印 نى تاللاپ پرىنتېردىن HP LaserJet 6P/6MP PostScript نى تاللاپ مۇقىملاشتۇرىمىز.




7) ساقلاش كۆزنىكى كۆرۈنگەندە ھۆججەتكە ئىسم قويۇپ ساقلايمىز.




Gsview (8نى قوزغتىپ بايا تەييارلىۋالغان ھۆججەتنى ئاچىمىز.




(9ئەڭ ئاخىردا ھۆججەتنى ھەقىقي پرىنتېردا باسسىڭىزلا بولىدۇ. پرىنتېرنىڭ تىپى چەكلەنمەيدۇ. پەقەت سىزنىڭ پرىنتېرىڭىز خەت باسالىسلا تەتۈر باسالايدۇ.




123.prn - GSview
File Edit Options View Orientation Media Help
打印
打印机
名称(N): Star AR-3200+
属性(P)...
状态: 准备就绪
类型: Star AR-3200+
位置: LPT1:
备注:
打印到文件(L)
打印范围
全部(A)
页码范围(G) 从(F): 1 到(T): 2
选定范围(S)
Select Pages
份数
份数(C): 1
自动分页(O)
确定
取消
Print Method
Windows GDI printer
Settings
Ghostscript device
djet500
PostScript Printer
Settings
Help
HP LaserJet 6P/6MP PostScript
File: 123.prn
Page: "1" 1 of 2


文档 1 - Microsoft Word
文件(F) 编辑(E) 视图(V) 插入(I) 格式(O) 工具(T) 表格(A) 窗口(W) 帮助(H)
键入需要帮助的问题
打印到文件
保存位置(I): kader 的文档
我最近的文档
桌面
我的文档
我的电脑
AdIm
Adobe
Camtasia Studio
My eBooks
My Skype Content
My Skype Pictures
My Virtual Machines
My Web Sites
Readiris
VCD
WebFontProjects
扫描文件
图片收藏
我的视频
我的数据源
我的音乐
我接收到的文件
我的共享文件夹
文件名(N): 123.prn
保存类型(T): 打印机文件(*.prn)
确定
取消
توردىن چۈشۈرۈش نادرىسى:
HP LaserJet 6P/6MP PostScript

# 3. Excel دا كىملىك نومۇرىغا ئائىت فۇنكسىيە جەۋھىرى

يوللىغۇچى: يۇلغۇنجان

| كىملىك نومۇرى | تۇغۇلغان ۋاقتى | جىنسى | يېشى | ھەممىنى 18 خانە قىلىش | ھەممىنى 15 خانە قىلىش |
|---|---|---|---|---|---|
| 110221290815224 | 1929-8-15 | 女 | 76 | 110221192908152245 | 110221290815224 |
| 11010119700626551X | 1970-6-26 | 男 | 35 | 11010119700626551X | 110101700626551 |

| پىنسىيەگە چىقىش ۋاقتى | كىملىك تەكشۈرۈش | ئۆلكە نامى | شەھەر نامى |
|---|---|---|---|
| #NAME? | TRUE | 北京市 | (市辖区)--昌平 |
| 47660 | TRUE | 北京市 | (市辖区)--东城区 |

تۇغۇلغان ۋاقتنى ھېسابلاش فورمۇلىسى

=IF(A2<>"", TEXT((LEN(A2)=15)*19&MID(A2,7,6+(LEN(A2)=18)*2),"#-00-00")+0,)

جىنسنى ھېسابلاش

=IF(A2<>"", IF(MOD(RIGHT(LEFT(A2,17)),2),"男","女"),)

ياش ھساپلاش

=IF(A2<>"",DATEDIF(TEXT((LEN(A2)=15)*19&MID(A2,7,6+(LEN(A2)=18)*2),"#-00-00"),TODAY(),"y"),)

ھەممىنى 18 خانە قىلىش

=IF(LEN(A2)=15,REPLACE(A2,7,,19)&MID("10X98765432",MOD(SUM(MID(REPLACE(A2,7,,19),ROW(INDIRECT("1:17")),1)*2^(18-ROW(INDIRECT("1:17")))),11)+1,1),A2)

دىققەت: بۇنىڭدا فۇنكسىيەنى كىرگۈزۈپ بولۇپ ئۇنى تاللاپ ctrl+shift+enterنى باسسىڭىز {} قوشۇلدۇ.

پىنسىيە يېشى

```
=IF(A2<>"",EDATE(TEXT((LEN(A2)=15)*19&MID(A2,7,6+(LEN(A2)=18)*2),"#-00-00"),660+MOD(RIGHT(LEFT(A2,17)),2)*60),)
```

كىملىكنى تەكشۈرۈش

```
=OR(LEN(A2)=15,IF(LEN(A2)=18,MID("10X98765432",MOD(SUM(MID(A2,ROW(INDIRECT("1:17")),1)*2^(18-ROW(INDIRECT("1:17")))),11)+1,1)=RIGHT(A2)))
```

دىققەت: بۇنىڭدا فۇنكسىيەنى كىرگۈزۈپ بولۇپ ئۇنى تاللاپ ctrl+shift+enter نى باسسىڭىز {} قوشۇلدۇ.

تۇرۇشلۇق ئۆلكە نامى

```
=IF(A2<>"",VLOOKUP(LEFT(A2,2),data,2,),)
```

دىققەت؛بۇنىڭدىكى data باشقا جەدۋەلدە تەييارلىۋالغان ئۆلكە نامى تىزىملىك دائىرىسىنى كۆرستىدۇ.

تۇرۇشلۇق شەھەر نامى

```
=IF(A2<>"",VLOOKUP(LEFT(A2,6),data,2,))
```

دىققەت؛بۇنىڭدىكى data باشقا جەدۋەلدە تەييارلىۋالغان ئۆلكە نامى تىزىملىك دائىرىسىنى كۆرستىدۇ.

كىملىك نومۇرى خاتا كىرگۈزۈلسە ئۇچۇر بېرىش

```
=IF(ISERROR(IF(A3<>"",TEXT((LEN(A3)=15)*19&MID(A3,7,6+(LEN(A3)=18)*2),"#-00-00")+0,)),"身份证号错误
",IF(A3<>"",TEXT((LEN(A3)=15)*19&MID(A3,7,6+(LEN(A3)=18)*2),"#-00-00")+0,))
```

```
=IF(ISERROR(IF(A2<>"",TEXT((LEN(A2)=15)*19&MID(A2,7,6+(LEN(A2)=18)*2),"#-00-00")+0,)),"cuowu",IF(A2<>"",TEXT((LEN(A2)=15)*19&MID(A2,7,6+(LEN(A2)=18)*2),"#-00-00")+0,))
```

# 4. Excelجەدۋەل رامكىسىغا تاللاش كۆنۈپكىسى ھاسىل قىلىشتىن بىر ماھارەت

يوللىغۇچى : ئەلقۇت

بىز كۆپ ھاللاردا Excel جەدۋەل بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتلاردا، بىر خىل كۆپ تەكرارلانغان مەزمۇنلارغا قارىتا تاللاش كۆنۈپكىسى بولۇشنى ئويلاپ قالىمىز.

بۇنى تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ:

ئاۋۋال Excel خىزمەت جەدۋىلىدىن بىرنى ئېچىپ تاللاش كۆنۈپكىسى ھاسىل قىلماقچى بولغان رامكىنى تاللايمىز، ئاندىن تىزىملىك ستونىدىكى 数据 دىگەن تىزىملىكتىن 有效性 دىگەن تۈرنى تاللايمىز.

数据دىگەن دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ بۇ رامكىدىن有效性条件 دىگەن تۈردىن 序列 دىگەن تۈرنى تاللايمىز بۇنى تاللىغاندىن كىيىن ئاستىغا 来源 دىگەن رامكا ئېچىلىدۇ بۇ يەرگە تاللاش تۈرى قىلماقچى بولغان خەتلەرنى كىرگۈزىمىز.

مەسىلەن: ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، قازاق، تاتار، تاجىك قاتارلىقلار

بۇنى كىرگۈزگەندە چوقۇم تاللاش تۈرى قىلماقچى بولغان خەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئىنگلىزچە شەكىلدىكى پەش(,) بولۇشى كېرەك بولمىسا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بۇ مەشغۇلاتلارنى قىلىپ بولغاندىن كىيىن قارىسىڭىز بايا سىز تاللىغان رامكىغا بىر دانە قارا ئۇچبۇلۇڭلۇق بىر دانە كۆنۈپكا ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن تاللاپ مەشغۇلات قىلسىڭىز بەلكىم خىزمەت ئۈنۈمىڭىز يۇقىرى بولىدۇ.

# 5. [ تەۋسىيە] excel دا پارچە سانىنى پۈتۈنلەپ ئېلىش ئۇسۇلى

يوللىغۇچى: ھەۋەسكار

كۈندىلىك تۇرمۇشتا EXCEL دا سانلىق مەلۇماتلارنى بىرتەرەپ قىلغان ۋاقىتتا مۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچرايمىز يەنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى پارچە سانىنى تاشلىۋېتىپ ئېلىشقا توغرا كەلگەندە دەرھاللا قورال ستونىدىكى پارچە سانىنى يوقىتىش كۆنۈپكىسى ئارقىلىق يوقىتىمىز. بۇنداق بولغاندا قارىماققا يوقىغاندەك قىلىسمۇ ئەمەلىيەتتە يوقمايدۇ يەنى شۇ كاتەكنى تاللاپ تەھرىرلەش ستونىغا قارايدىغان بولساق بىز يوقىتىۋەتكەن پارچە سانلارنىڭ يەنىلا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇنى قانداق قىلىپ تۈپتىن يوقىتىش كېرەك؟

بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق فورمىلا ئىشلىتىش كېرەك① =INT(A1) بۇ فورمىلانى ئىشلەتكەندە پەقەت پۈتۈن سانىنىلا ئالىدۇ. ②=ROUND(A1,0) بۇنى ئىشلەتكەندە ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى سان 5 كە توشسا ئالدىغا 1 نى قوشۇپ پۈتۈن سانىنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئەگەر 0 نىڭ ئورنىغا 1 نى يازساق ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئارقىسىدىن بىر خانىگىچە ئېلىپ بېرىدۇ، 2 گە ئۆزگەرتسەك ئىككى خانىگىچە ئېلىپ بېرىدۇ........

# تور رايونى

## 1. QQ دىكى كىرىپ قالغان نومۇرنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۇسۇلى

**يوللىغۇچى: پىشامشان**

مەن بىر قىسىم كومپيۇتېرلاردا QQ تىزىملىكى ئىچىدە نۇرغۇن مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرنىڭ QQ نومۇرىنىڭ تىزىملىنىپ قالغىنىنى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر QQ نى باشقىلارنىڭ كومپيۇتېردا ئاچقاندا ئېهتىياتسىزلىقتىن نومۇرنى كىرگۈزۈپ قويۇپ يوقتالماي ئاۋارىچىلىقلارغا قېلىۋاتقىنىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ تېمىنى يوللىدىم .

سىز ئەگەر ئاۋۋال QQ نومۇرىڭىزنى كىرگۈزۈپ QQ نى ئاچماقچى بولغىنىڭىزدا سىز دىن قايسى شەكىلدە كىرىسىز دەپ ئۇچۇر چىقىدۇ سىز 1 -قۇردىكىنى تاللىسىڭىز QQ نومۇرىڭىز شۇ پېتى خاتىرىلىنىپ قالىدۇ، 2- قۇردىكىنى تاللاپ قويۇپ كىرسىڭىز QQ دىن چېكىنگەندە QQ نومۇرىنى ۋە بارلىق مەزمۇنىنى ئۆچۈرەمسىز دەپ سورايدۇ، سىز جەزملەشتۈرسىز QQ نومۇرىڭىز بۇ كومپيۇتېردىن يوقايدۇ ھەم بايا سۆزلەشكەن بارلىق مەزمۇنلار براقلا ئۆچىدۇ. ئاۋارىچىلىكمۇ ئاز بولىدۇ، ناۋادا باشقىلار سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزغا QQ كىرگۈزگەندە ساقلىنىپ قالغان بولسا تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن تازىلىۋاتسىڭىز بولىدۇ .






## مەخپىي نومۇر كىرگۈزمەكچى بولسىڭىز




**مەن مۇشۇنچىلىك بىلىدىكەنمەن، يەنە تورداشلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پايدىلىنىش قىممىتى بار، بىلىملىرى بولسا يولاپ قويۇشنى يۇقىرىقى تېمىدا تۇلۇقلاپ قويۇشقا تېگىشلىك يېرى بولسا ئىنكاس سۈپىتىدە تۇلۇقلاپ قويۇشنى سورايمەن.**

## ئەسكەرتىش :

ژۇرنالدىكى بارلىق مەزمۇنلار ئىنتىل سەيناسىغا ۋە ئەسلى ئاپتورغا تەۋە . باشقا مۇنبەرلەردە ئېلان قىلىنسا مەنبە ۋە ئاپتور ئەسكەرتىلگەي .

بىلگەننى يوللاش بىلمىگەن بىلىۋالسۇن، بىلمىگەننى يوللاش بىلگەنلەر دەپ بەرسۇن

# ئىنتىل سەيناسى بىلىم سەيناسى

ئىنتىل سەيناسى سىزنى ھەرۋاقىت قارشى ئالىدۇ .

دائىملىق ئادرېسى : www.intil.cn ، www.Intilim.com

ماتېرىيالنى رەتلەپ تەييارلىغۇچى: كۆلكە0997
تەھرىر : ئادىل ، كۆلكە 0997
كوررېكتور : ئادىل ، كۆلكە 0997
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ئەلئوغلى ، كۆلكە0997